# شىنجاڭ گېزىتى

新 疆 日 报

(维文)

1992 - يىل
ئىيۇن
18
پەيشەنبە

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN 65 — 0002/Z
(ۋاكالەت نومۇرى 1 — 57)
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى (بۇ سان 6 بەت)


## ئاپتونوم رايونىمىزدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ئومۇمىي يىغىنى ۋە مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئۆگىنىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلە
## ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمى
## ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تېز راۋاجلاندى

ئۆز مۇخبىرىمىزنىڭ مۇلاھىزىسى. بۇ يىلنىڭ بېشىدىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ئومۇمىي يىغىنى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى تېزلىتىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، زېھنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش يېڭى تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سەككىز جەھەتتە ئالاقىدار سىياسەت، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنى يېتەكلەپ، پايدىلىق پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ھەقىقىي غەيرەتكە كېلىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى كۆرۈنەرلىك تېزلەتتى. سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ياخشى تەرەپكە قاراپ ئۈزلۈكسىز راۋاجلانماقتا. 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئۆتكەن يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 14.2% ئاشتى، چارۋىچىلىق بوغۇزلىتىش يىغىمى ياخشى بولدى، يېزا ئىگىلىكىدە 15 - يىلمۇ ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىشتىن ئۈمىد بار.

يېقىنقى ئىيتقاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئې- چىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ئاساسەن مۇنداق بەش جەھەتتە ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش بولدى:

1. ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى، ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىنىڭ كېڭەيتىلىشى ۋە مەركەزنىڭ سىياسەتتە ئېتىبار بېرى- شى قاتارلىق پايدىلىق شارائىتلار چىڭ تۇتۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئى- شىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى يېڭى ئەندىزىسى پىلانلاندى. «ئىككى لىنىيە» بويىچە ئېچىۋېتىش ئومۇمىي تەسەۋۋۇرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يەنى چېگرا بويلىرىنى ئېچىۋېتىشنى ئالدىنقى لىنىيە، تۆمۈر يول بويلىرىنى ئېچىۋېتىشنى ئارقا تېرەك، «ئىككى لىنىيە» بويلىرىدىكى شەھەرلەرنى ئېچىۋېتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، نۇقتا بىلەن لىنىيىنى بىرلەشتۈرۈپ، نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەپ، پۈتۈن شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈلدى. 1 - قەدەمدە چېگرا بويلىرىدىكى غۇلجا، بورتالا، چۆچەك شەھەرلىرى ۋە تۆمۈر يول لىنىيىسىدىكى ئۈرۈمچى، كۈيتۇڭ، شىخەنزە شەھەرلىرىنى ئېچىۋېتىشنىڭ كونكرېت لايىھىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەم مۇناسىپ ھالدا يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن سىياسەتلەر تۈزۈپ چىقىلدى، بىر تۈركۈم سودىگەرلەر بۇ يەرلەرگە كېلىپ يەرنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كېڭەشتى.

2. يەرلىك سودا، چېگرا سودىسى ۋە ئىقتىساد، تېخنىكا ھەمكارلىقىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە يەرلىك سودا، چېگرا سودىسىدا ئەمەلىي ئورۇندالغان ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 115 مىليون شۋېيتسارىيە فرانكىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىسىدىن 2.97 ھەسسە ئاشتى؛ سودا شەكلى كۆپ يول، كۆپ قانال، كۆپ خىللىشىشقا قاراپ راۋاجلاندى. مال سېتىۋېلىش، ساياھەتچىلىك پائالىيەتلىرى جۇش ئۇرۇپ

## پۈتۈن جەمئىيەت قوللاپ، ئومۇمىي خەلق تەنتەربىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنايلى

